# مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۇقرالارغا بەخت يارىتىش

## —— لوپ ناھىيەسى چارباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ما شياڭفېڭ توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز چېن چېن

لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسىدا ما شياڭفېڭنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، يېزا ئورگان كادىرلىرىدىن كەنت كادىرلىرىغىچە، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرىدىن ئادەتتىكى كەنت ئاھالىلىرىگىچە ھەممىسى باش بارمىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى خەلقنى ئويلايدىغان ياخشى شۇجى، دەپ ماختايدۇ.

### 1 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى كۈچەيتىپ قۇرۇش
### مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

2017 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيە ئورگىنىدىن چارباغ يېزىسىغا كېلىپ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپ، ما شياڭفېڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى تەشكىلات تارمىقىدا خىزمەت قىلغانلىقىدەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن يېزىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈردى.

چارباغ يېزىسى چارباغ كەنتىدە ئىلگىرى كەنت «ئىككى كومېتېت» بەنزىسى تولۇق بولماسلىق، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قېلىپلاشماسلىق، تەشكىلىي تۇرمۇش نورمال بولماسلىق، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولۇش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جايىدا بولماسلىق ئەھۋاللىرى ساقلانغاندى. ما شياڭفېڭ يېزىلىق پارتكوم يىغىنىدا چارباغ كەنتىنى بوشسۇش نۇقتىسى قىلىپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

يېزىلىق پارتكوم ئورگان كادىرلىرىنى تاللاپ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، بېيىش باشلامچىلىرى ئارىسىدىن ئامما رازى بولىدىغان كەنت «ئىككى كومېتېت»ى بەنزە ئەزالىرىنى تاللاپ چىقتى؛ تۆۋەنگە چۈشكەن پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىرى كەنت «ئىككى كومېتېت»نىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭىنى ئۆستۈردى؛ ھەر ئايدا پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىغا قارىتا ئامما باھالاش، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن ـ ئىشلىمىگەنلىكىگە ئامما بىر نەرسە دېيىش، ئىستىلدا قاتتىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئامما باھالاشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كەنت كادىرلىرىنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى ھەم «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرگە بىر ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

«ما شۇجى، ھازىر كەنتىمىزدە تولۇقلىما ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بولدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىمۇ مول، رەڭدار بولدى، كەنت كادىرلىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ناھايىتى جايىدا بولدى.» كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ما شياڭفېڭ ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

### 2 ئاممىنىڭ ئىشىدا كىچىك ئىش يوق
### ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ياخشى قىلىش كېرەك

ئاممىنىڭ ئىشىدا كىچىك ئىش يوق، «ھەربىر شاخ، ھەربىر يوپۇرماققىمۇ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش.» ما شياڭفېڭ پۇقرالارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئىشى، دەپ بىلدى.

ما شياڭفېڭ دائىم خاتىرە دەپتىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ، ئامما ئىنكاس قىلغان قىيىن ئىش، جىددىي ئىش، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى دەپتەرگە بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەپ، ئاممىغا جىددىي ھەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلاردىن قول سېلىپ، مەسىلە تىزىملىكىنى رەتلەپ چىقىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، مەسىلىنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلدى.

تۆۋەن كاپالەت بېجىرىش، ئۆيلۈك يەر ماجىراسى، قېيىنئانا ـ كېلىن زىددىيىتى، مەيلى چوڭ ئىش، كىچىك ئىش بولسۇن، ئۇنى ئىزدەپ كەلسىلا، ئۇ ئەستايىدىل بېجىردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئامما يېزىغا ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن، چوقۇم كەنتتە رازى بولغۇدەك ھەل قىلىنمىغان گەپ، بىز يېزا كادىرلىرى چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك».

بىر قېتىم، گۈلباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرسۇن نىيازنىڭ بالىسى ئوت قالىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت كەتتى. ما شياڭفېڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئوت ئۆچۈرۈۋاتقان ئامما بىلەن بىللە ئوت كەتكەن مەيدانغا ئېتىلىپ كىرىپ، تۇرسۇننىڭ بالىسىنى بىخەتەر جايغا يۆتكىدى. ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەھۋالنى پىششىق بىلىش ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەملەشتى. ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ما شياڭفېڭ ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ مۈرىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قولى بىلەن سىلاپ، ئوت ئۆچۈرۈش جەريانىدا ئوت ئۇچقۇنىنىڭ مۈرىسىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، مۇشتۇمدەك جايىنىڭ كۆيۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

### 3 كەسىپ تەرەققىياتىنى چىڭ كۆزلەش
### كۈچىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش

ما شياڭفېڭنىڭ كۆڭلىدە ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى يېزىدىكى نامرات ئامما. ئۇ بىر ئېغىر نامرات رايوندىكى يېزا ـ بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زىممىسىدىكى يۈكنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

باش سوغاققۇم كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ما شياڭفېڭ بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېزىدىن ناھىيەگە 30 نەچچە قېتىم قاتراپ، ئاخىر ئۆزگىچە غولپىياز تېرىش تۈرىنى باش سوغاققۇم كەنتىگە ماكانلاشتۇردى.

«500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ تۈر باش سوغاققۇم كەنتىدىكى 50 تىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنى نەپكە ئېرىشتۈردى.» يېزىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ۋاڭ شۈمىن مۇنداق دېدى: بۇ پەقەت ما شۇجى كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەم قىلىپ كىرگۈزگەن تۈرلەرنىڭ بىرى.

پۈتۈن يېزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ما شياڭفېڭ «ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزىدا كۆلەملەشكەن كارخانا بولۇش، كەنتتە ھەمراھ زاۋۇت بولۇش، ئائىلىلەردە كىچىك كارخانا بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك قۇرۇلمىنىڭ ئومۇمىي كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئورۇن تاللاش، لايىھەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئۆزى قاتنىشىپ، ئۆردەك بېقىش، مور تېرىش ھەم يېمەكلىك پىششىقلاش قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن تىجارەت قىلىشقىچە ھەممىسىنى بىۋاستە سۈرۈشتۈردى، بىۋاستە تەكشۈردى، بىۋاستە كارخانا بىلەن ئۇدۇللاشتۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كەسىپلەر كۆلەملەشكەن تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 11 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

«ما شۇجى، سىز ھەر كۈنى مۇشۇنداق توختىماي ئايلىنىپ ھارمامسىز؟» بىر قېتىم ما شياڭفېڭ چارباغ كەنتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، كەنت ئاھالىسى تۇراخان مەتتۇرسۇن مۇشۇنداق سورىدى. «سىلەر تېخىمۇ بەختلىك ياشىساڭلارلا، ھەرقانچە ھېرىپ ـ چارچىساممۇ غەيرىتىم شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ما شياڭفېڭ.




# پېڭ گۈيچېن: ئىتتىپاقلىق گۈللىرىنى مەكتەپتە تولۇق ئېچىلدۇرىمەن

□ مۇخبىرىمىز جاڭ رۈيلىن

«پېڭ مەكتەپ مۇدىرى ھەم مېنىڭ پېڭ ئانام، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ خۇشال، قالتىس قىلدى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ھەم ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيمەن» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان شەپقەت روزى مىننەتدار بولغان ھالدا. شەپقەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، پېڭ گۈيچېن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئادەمنىڭ بىرى.

پېڭ گۈيچېن تۇرپان شەھىرى توقسۇن ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. پېڭ گۈيچېننىڭ نەزەرىدە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىدەك، ئوقۇغۇچىلار بالىلىرىدەك بولۇپ، پەقەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل ۋە بالىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرغاندىلا، مەكتەپ ئاندىن گۈزەل چوڭ ئائىلىگە ئايلىناتتى.

2013 ـ يىلى، شەپقەتنىڭ مېيىپ دادىسى ئۇنى ئېلىپ توقسۇن ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن تۇنجى كۈندىن باشلاپ، نامرات ئائىلىدىن كەلگەن بۇ بالا باشتىن ـ ئاخىر پېڭ گۈيچېننىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پېڭ گۈيچېن شەپقەتنىڭ «پېڭ ئانىسى»غا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى، ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى، ئۇ ئاڭقىرالمىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى، يەنە ئۇنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئالدى. پېڭ گۈيچېننىڭ غەمخورلۇقىدا، شەپقەت ئوڭۇشلۇق ھالدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. پېڭ گۈيچېن مۇنداق دېدى: مەن مەڭگۈ شەپقەتنىڭ «پېڭ ئانىسى»، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە داۋاملىق ھەمراھ بولىمەن.

قانداق قىلغاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇپ بىخلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

«مەكتەپ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم مۇھىت، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان كوللېكتىپ بالىلارغا ياخشى بولغان ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ئاتا قىلالايدۇ، مەن ھەربىر بالىنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىشىنى، ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچىدىن ئوزۇقلىنىپ، خۇشال ئۆسۈپ يېتىلىشىنى، پارتىيەنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، يۇرتنى سۆيىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۆلگىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى پېڭ گۈيچېن.

توقسۇن ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە 21 كۇرۇژوك ھەم «بىر سىنىپنىڭ بىر خىسلىتى بولۇش، بىر سىنىپنىڭ بىر خاسلىقى بولۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، بالىلارنى بىللە ئۆگىنىش، بىللە ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار بىر ئىشخانىدا ئىشلەپ، ئۆزئارا كەسىپ، تىل، ئىدىيە ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئورتاق ئالغا باسىدىغان ئىناق كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

پېڭ گۈيچېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەكتەپتىكى ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئۆزلۈكىدىن ئائىلىسى نامرات بىر ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەھەتتە ياردەم بەردى. ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مەكتەپ يەنە ئۆزئارا يوقلايدىغان، ئۆزئارا ھەمتۇرتكە بولىدىغان يۇرۇشلۇك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى... مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەكتەپتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا مانا مۇشۇنداق سىڭىپ كىردى، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىش، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈش ھېكايىلىرىنى سانايمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئىختىساسلىقلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پېڭ گۈيچېن «ئىككىدە يېتىلدۈرۈش، بىردە يېتەكلەش، بىردە تەۋسىيە قىلىش» خىزمەت مېخانىزمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى، يەنى، مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىلدۈرۈپ پارتىيە ئەزاسى قىلىش، پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تايانچ ئوقۇتقۇچى قىلىپ يېتىلدۈرۈش، پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەم بېرىپ يېتەكلەش، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرىنى سايلىغاندا پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارنى ئالدىن تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەت. ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان خىزمەت مۇھىتىدا، بىر تۈركۈم ياش ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە تەشكىلىگە كىرىپ، سىياسىي ساپاسى ۋە ئوقۇتۇش ئىقتىدارى بىرقەدەر تېز ئۆستى.

پېڭ گۈيچېن توقسۇن ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن بۇيان، مەكتەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەخلاق تەربىيەسىدىكى ئۈلگىلىك مەكتەپ» «ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇن ئارقىلىق مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك مەكتەپ» «ئاپتونوم رايون بويىچە پاكلىق مەدەنىيىتىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈشتىكى ئۈلگىلىك نۇقتا» «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك كوللېكتىپ» قاتارلىق شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

# دۇڭۋەن كەنتىنىڭ بەخت شىفرى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنت ئۈچ دەرىجىلىك يېزا مەھەللە قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ كېڭەش مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەدبىر بەلگىلەشتە ئورتاق كېڭەش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كەنت دەرىجىلىك ئىشلارغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يېزا ـ كەنتلەرنى ياخشى ئىدارە قىلىش يولىدا مېڭىپ، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

«بىز كۆپ قېتىم ناھىيە، بازار، كەنت بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۇق ھەم كەنت ئاھالىلىرىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدۇق، كۆپچىلىك دۇڭۋەن كەنتىنىڭ يېزا بەخت مەھەللىسى قۇرۇش خىزمەت تەپەككۇرىنى ئورتاق تەتقىق قىلدى» دېدى جاڭ جىڭلياڭ.

100 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق قانۇنغا خىلاپ قۇرۇلۇشنى چېقىش، ئۈچ يىللىق تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە يېڭى يېزا ئۈلگە كەنت قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىنى تاماملاش، كەنت ئاھالىلىرىنى قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغان نەرسىلەر، ئەخلەتلەرنى تازىلاشقا سەپەرۋەر قىلىش... بۈگۈنكى كۈندە 25 تۇرالغۇ بىنا، 279 دېھقانلار ئارامگاھى ھەمدە باغچە، دېھقانلار كۇتۇپخانىسى، چېنىقىش ـ پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلەردىن تەركىب تاپقان دۇڭۋەن كەنتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ گۈزەل يۇرت ـ ماكانىغا ئايلاندى.

ھەر قېتىملىق چوڭ ئىشلاردا، دۇڭۋەن كەنتى ئالدى بىلەن كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدۇ. بۇ كومېتېت دۇڭۋەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى كوللېكتىپ كۆرسەتكەن ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئۈچ كەنت ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى كەنت ئىشلىرى، مالىيە ئىشلىرى، كەنت دەرىجىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئومۇمەن كەنت ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەش، مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش، كەنت قۇرۇلۇش تۈرى، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلاردا، دۇڭۋەن كەنتى كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتىنىڭ ئەزالىرى ماتېرىيال كۆرۈش، تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىدۇ. مەسىلە بايقالسا، كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈرگە ئايرىپ كەنت ئاھالە كومېتېتىغا تاپشۇرىدۇ ياكى يېزىلىق پارتكوم ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىدۇ.

«كەنت ئاھالە كومېتېتى ھەر دۈشەنبە كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىدىن كېيىنكى كەنت ئاھالىلىرى يىغىنىدا، كەنت ئاھالىلىرىگە كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى تاپشۇرغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىدۇ.» نازارەتچىلىك كومېتېتىنىڭ ئەزاسى ما گوبىڭنىڭ قارىشىچە، كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى تۈزۈمى كەنتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭگۈشتەر ئىكەن.

كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى ئارقىلىق، دۇڭۋەن كەنتى قاتتىقلاشتۇرۇش، يورۇقلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ھەمدە خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت زالى، كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىسىدە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. «كەنت ئاھالىلىرى قاتنىشىش جەريانىدا ھەقىقىي كەنت خوجايىنىغا ئايلاندى.» كەنت ئاھالىسى ئەسقەر كېرەم مۇنداق دېدى: كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى مېخانىزمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قەلبىدىكى نۇرغۇن «تۈگۈن» يېشىلدى.

«دەسلەپتە، نازارەتچىلىك كومېتېتىنىڭ ‹توسالغۇ پەيدا قىلىشى›دىن ئەنسىرىدىم، كېيىن بۇ كومېتېتنىڭ كەنت ئاھالىلىرىگە كەنت كادىرلىرىنىڭ پاكلىقىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى، ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ‹توسالغۇنى ئېچىش› ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم!» جاڭ جىڭلياڭ مۇنداق دېدى: كەنت ئاھالىلىرى نازارەتچىلىك كومېتېتى ‹كىچىك، ئۇششاق ھوقۇق› نازارەتچىلىكىدىكى ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر›نى تۇتاشتۇرۇپ، كەنت دەرىجىلىك مالىيە ئىشلىرى، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىقلارنى بارغانسېرى ئاشكارا قىلدى، بارغانسېرى قېلىپلاشتۇردى.

# 2 ـ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ سودا ئۆمىكى مول ھوسۇل ئالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە تۇنجى قېتىم «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەم جۇڭخۇا كونا داڭلىق ماركىسى» مەدەنىيەت كۆرگەزمە تۈرى تەسىس قىلىندى، شىنجاڭ كۆرگەزمە قىلغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرى ئەتلەس يىپەكى، مىللىي چالغۇ، كەشتە، فارفۇر بۇيۇملار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. فارفۇر تېخنىكىسى سەنئىتى كۆرگەزمە ئورنىنىڭ مەسئۇلى يەن پېڭلى مۇنداق دېدى: «دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نۇرغۇن سودىگەرلەر فارفۇر تېخنىكىسى سەنئىتىگە ناھايىتى قىزىقتى، بۇ بىزنى سودا ئىشلىرى ھەمكارلىقى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئىمپورت كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت بۇ سۇپىدا شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كېڭەيتكەنلىكىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلەندۇق».

ئىگىلىنىشچە، 2 ـ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان كارخانىلارنىڭ كۆلىمى، سۈپىتى، بېزەش سەۋىيەسى قاتارلىقلارنى تۇنجى نۆۋەتلىككە سېلىشتۇرغاندا يېڭى بۆسۈش بولغان. دەسلەپكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2 ـ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسى مەزگىلىدە، جەمئىي 181 دۆلەت، رايون ۋە خەلقئارا تەشكىلات كۆرگەزمىگە قاتناشقان، 3800 دىن ئارتۇق كارخانا كارخانىلار كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان، تىزىمغا ئالدۇرغان كەسپىي ئېكسكۇرسىيەچىلەر 500 مىڭ ئادەمدىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 7000 دىن ئارتۇق چېگرا سىرتىدىكى سېتىۋېلىش سودىگىرىمۇ بار بولۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىكتىن زور دەرىجىدە ئاشقان.

كارخانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت تېخىمۇ كۆپ مەنبەلىك بولدى. ئىمپورت كۆرگەزمىسى مەزگىلىدە، شىنجاڭ يىپەك يولى خەلقئارا ئاتچىلىق كەسپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كەسپىي ئىشلار دىرېكتورى جى جيەنكاڭ يېمەكلىك ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە سارىيىنى تەپسىلىي ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ مۇخبىرلارغا شىركەت ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئاساسلىقى يېمەكلىك ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم كۆرگەزمىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن چەت ئەلنىڭ يېمەكلىك ئۇچۇرلىرىنى توپلىغانلىقىنى ئېيتتى. «يېمەكلىكنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپ خىللاشقان بولۇپ، سۈرلەنگەن چوشقا سىننىڭلا نۇرغۇن تۈرلىرى بار ئىكەن، بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بازارنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىپ ۋە ئېچىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيمىز» دېدى جى جيەنكاڭ.